باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كارخانا ساھەسىدىكى زاتلارنى ئىشەنچكە تولدۇردى، زور ئىلھاملاندۇردى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ــــ

# كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۆرتكە بولىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ: كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۆرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساسىي كۈچ توپلاش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. «زور ئىلھاملاندۇق» «ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشتى» «غەيرىتىمىز تېخىمۇ زورايدى»... بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەڭ كارخانا ساھەسىدىكى زاتلار باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگەنگەندە ئەڭ كۆپ ئېيتقان سۆزلەر بولدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردە يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بەرپا قىلىپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولىدىغان جەڭگىۋار قوشۇن بولىمىز.

## جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىمىز

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى كۆپچىلىككە يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا كۆپچىلىككە مەدەت بەردى.» شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر جاڭ گوخۇا مۇنداق دېدى: ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم ھالەتنى ساقلىدى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردە ئاي-مۇئاي، پەسىلمۇپەسىل قايتا ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، بۇ نەتىجىلەر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. «ئىشەنچ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك. بىز جەزمەن ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى قايتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمىز. بۇ يىل بىز يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 15 مىليارد 600 مىليون

يۇەنگە يەتكۈزۈش نىشانىنى تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز، دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كانچىلىق گۇرۇھى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىنىڭ ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز» دېدى ئۇ.

«ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى، باش شۇجىنىڭ كەڭ كارخانىچىلاردىن كۈتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى سەممىي ئۈمىدى بولدى.» شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئوقەتچىلىك سېلىنما (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى سۈن گۇاڭشىن مۇنداق دېدى: گۇاڭخۇي گۇرۇھى «كەسىپ ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، ئوقەتچىلىك ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» بۇرچىنى داۋاملىق زىممىسىگە ئېلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

نەندا يېڭى يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى لىن يۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز يېڭى مەھسۇلاتلار، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ خاس نان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تور ۋە تور سىرتىدا ھەمكارلىشىپ كۈچەيدىغان ماركېتنىڭ ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۆرتكە بولىمىز».

## يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلىگۈچىلەردىن بولىمىز سەممىيەتنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىلەردىن بولىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ: زور يۇقۇم ئالدىدا، تۇرلۇك كەسىپلەر قىيىن ئەھۋالدا قالدى، لېكىن خەۋپ ئىچىدە پۇرسەت بار، پەقەت يېڭىلىق ياراتقۇچىلار غەلىبە قىلىدۇ، دەپ تەكىتلىدى. كارخانىچىلار مۇنداق بىلدۈردى: «باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىش، دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش»تەك يېڭىلىق يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تەشكىللەشتە يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، بازاردا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلارغا ئۈزلۈكسىز تۆرتكە بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات

رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتى نۆۋەتتە نەرسە تورى تېخنىكىسىنى سانائەت ياسىمچىلىق مۇھىتىدا قوللىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ياسىمچىلىقنىڭ رەقەملىشىپ تېپ ئۆزگەرتىشكە كۈچ قوشماقتا. شىركەت باش دىرېكتورى ۋۇ جېڭچۈن مۇنداق دېدى: بىز چوقۇم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كېڭەيتىپ، كارخانىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىمىز، كۈچەيتىمىز.

«ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى سەممىي جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، كارخانىلار، كارخانىچىلارنىڭ سەممىي جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور.» شىنجاڭ ساياھەت كوپېراتىپلىرى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئېرداۋچياۋ مەدەنىيەت ـ ساياھەت گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن لىدىرى ۋۇ فېڭ مۇنداق دېدى: كارخانىچىلار سەممىي بولۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۆرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

## جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىمىزگە ئالىمىز خەلقئارا نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ: كارخانىچىلار جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تىرىشىپ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەتچىلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. كارخانىچىلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: چوقۇم جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى پۇختا ئادا قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەر جەريانىدا كۈچ قوشىمىز.

دېخۇي گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي مۇئاۋىن لىدىر، شىنجاڭ دېخۇي ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ جيەن مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، شىركىتىمىز كەسىپنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە يارىتىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشتا كارخانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. شىنجاڭ شىنيى گۇرۇھى كېرىيە گۈيمى بىيو پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئادىل ئابدۇرازاق مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايوندىكى نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىركىتىمىز كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قىزىلگۈل بايلىقى ئەۋزەللىكىنى كەسىپ ئەۋزەللىكى، ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشقا كۈچەپ، «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت ئۈزاق ئۈنۈملۈك تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

«باش شۇجى: خەلقئارا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەۋقەنى جۇڭگوغا قويۇپ، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۆرتكە بولۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ‹سىرتقا چىقىش›نى تېزلىتىشىگە يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.» جۇڭتەي گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ۋاڭ خوڭشىن مۇنداق تونۇشتۇردى: جۇڭتەي يېڭى يىپەك يولى تاجىكىستان يېزا ئىگىلىك، توقۇمىچىلىق كەسىپلەر باغچىسى تۆرى تېز ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ. «بىز ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىمىز».

**(مۇخبىر لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار شى شىن، خەن چىنيەن، ما يىنىڭ، رېن جياڭ، ۋاڭ يۈجاۋ، ليۇ يى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى %1.6 تۆۋەنلىدى، ئومۇمىي ئەھۋال مۆلچەردىكىدىن ياخشى بولدى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئايلاندى، جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى زور دەرىجىدە تارايدى... يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، 2 ـ پەسىلدىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسىدە مارگىنال ياخشىلىنىش كۆرۈلۈپ، كېيىنكى يېرىم يىلدا ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئەسلىگە كېلىشىگە پۇختا ئاساس سېلىنغان. خەلقئارا زاتلار مۇنداق ماختىدى: «جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەپ، يەرشارىۋى ئىقتىسادقا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.» ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك ئاساسىي تەرىپىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، يوشۇرۇن كۈچى يېتەرلىك، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، ئايلىنىش بوشلۇقى چوڭ، سىياسەت قورالى كۆپ بولۇشتەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرمىدى.

ھازىر، يەرشارىۋى يۇقۇم ۋە دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن خىرىس مىسلىسىز، دۆلىتىمىزدىكى ئورغۇن بازار سۇبيېكتلىرى دۇچ كەلگەن بېسىم مىسلىسىز بولۇۋاتىدۇ. ئاچقۇچلۇقى ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش، ھازىرقى قىيىنچىلىق، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا

ئەتراپلىق، دىيالېكتىكىلىق، يىراقنى كۆرىدىغان نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشەنچىنى كۈچەيتىش، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىش كېرەك. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىزنىڭ ئىشەنچىمىز دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىدىن كېلىدۇ، دۆلىتىمىز يەر شارى بويىچە ئەڭ مۇكەممەل، كۆلىمى ئەڭ زور سانائەت سىستېمىسىغا، قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا، مۇكەممەل يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا، سانى غايەت زور ئىختىساسلىقلار قوشۇنىغا ئىگە، بۇ، بىزنىڭ بوران ـ چاپقۇندا مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرۇشىمىزدىكى ئاساس؛ جۇشقۇن تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىدىن كېلىدۇ، رەقەملىك ئىقتىساد، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق، ھاياتلىق ساغلاملىقى قاتارلىق يېڭى كەسىپلەردە يېڭى ئېشىش قۇتۇپى شەكىللەندى، بۇ، ھەم ئىقتىسادنىڭ قايتا ئۆرلىشىنى داۋاملىق كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەم دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ؛ يېتەرلىك سىياسەت قورالىدىن كېلىدۇ، مالىيە سىياسىتى تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك بولىدۇ، پۇل سىياسىتى تېخىمۇ پۇختا ـ جانلىق بولىدۇ، ماكرولۇق سىياسەت تېخىمۇ قاراتمىلىققا ۋە ۋاقىتچانلىققا ئىگە بولىدۇ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈشتە يولغا قويۇلغان بىر قاتار سىياسەتلەر تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىدۇ، كېيىنكى يېرىم يىلدا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»نىڭ ئىشقا ئېشىش ئەھۋالى ۋە «ئالتىگە كا-

پالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ، بۇ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋەزىيىتىنى ساقلىشىنى سىياسەت تىرىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىزدىن كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا ماھىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ: ھازىرقى قورۇقچىلىق كۈچىيىۋاتقان، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان، پۈتۈن يەرشارىۋى بازار تارىيىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بىز جەزمەن دۆلەت ئىچىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تۆرتكە بولۇشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىز ئىچكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقستى قىلىپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەم باشقا جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى شەكىللەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى كۈچەپ راۋانلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ـ

خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. كېلەر يىلدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىگە كىرىدۇ، بۇ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان 1 ـ بەش يىل. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز زورايغان. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش يىلتىز تارتىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۆرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەرەققىياتى تېز سۈرئەتلىك يولغا كىردى. ھازىر، جۇڭگو ـ سەئۇدى ئەرەبىستان بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقى، بەخت ـ سائادىتى ھەمدە پۈتۈن يەر شارى ۋە رايونلارنىڭ ئاممۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش داستانىنى پۈتۈپ چىقتى. مەن جۇڭگو ـ سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، پادىشاھ سالمان بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «2030 ـ يىل ئارزۇسى»نى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشقا ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىشنى خالايمەن.

سالمان تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 30 يىلدىن بۇيان، سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇناسىۋىتى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايان قىلىپ بەردى. مەن بۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى خالايمەن. سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن جۇڭگو تەرەپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان قاراشقا ئىگە بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، رايون ۋە دۇنيا خەۋپسىزلىكى ھەم مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۆرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى ئۈنۈملۈك جىپسلاشتۇرۇش، يوچۇقسىز ئۇدۇللاشتۇرۇش تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. مەھەللىلەر ئۇللۇق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى، بولۇپمۇ تەكشۈرۈلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئۈچۈرىنى تىزىملاشنى تولۇق، تەرتىپلىك ئىشلىشى كېرەك. تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقايسى دوختۇرخانا ۋە ئورۇنچى تەرەپ تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئەۋرىشكە ئېلىش، تەكشۈرۈشكە يوللاش، تەكشۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىلمىي تەشكىللەپ تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ، ئارىلاشما تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق قوللىنىپ، تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ھەققىي ياخشى پايدىلىنىپ، ۋاقتىدا ئىز قوغلاپ تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈپ، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغدىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار ئىش تەقسىملەپ مەسئۇل بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قوللىشى كېرەك، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىشى، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناققا يۈزلىنىشى كېرەك، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇشى كېرەك، ھەر دەرىجىلىك كۈچ ۋە بايلىقلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىگە چۆكتۈرۈپ، قاتتىق ئىنتىزام، ئېنىق ئىستىل بىلەن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.